# مۇسۇلمانلارنىڭ سالاھىيەت بايرىمى

ئاپتورى : لۇتپى

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

بارلىق مىننەتدارلىقلار ئاللاھقا خاس، ئاللاھقا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز،ياردەم سورايمىز، نەپسىمىزنىڭ يامانلىقى ۋە قىلمىشلىرىمىزنىڭ يامانلىرىدىن پاناھ بىرىشنى تىلەيمىز. ئۇزات يېتەكلىگەن كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوق، ئۇزات ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم توغرىغا باشلىيالمايدۇ. ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ،ئۇزات يىگانىدۇر، شىرىكى يوقتۇردەپ جاكالايمىز. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇردەپ جاكالايمىز. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ،ئائىلە ـ جەمەتىگە، ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ ئىزنى بېسىپ ماڭغان بارلىق مۇسۇلمانلارغا دۇئا ـ سالاملەر يوللايمىز.

### مۇقەددىمە

مۇسۇلمانلىق ئەقىدىسى ( كۆزقارىشى)نىڭ ئالتە ئاساسىنىڭ بىرىنچىسى ئاللاھ قا ئىشىنىش بولۇپ بۇ ئىماننىڭ بىرىنچى ئاساسى دېيىلىدۇ ، ئەلۋەتتە ئىمان دىگەن سۆز نىڭ لۇغەت جەھەتتىكى مەنىسى مۇتلەق بىر ئىشەنچنى بىلدۈرسىمۇ شەرئى قوللانما(ئىسلام قانۇنىدا ئىشلىتىلگەن) بولغاندا مەخسۇس شەكىلدىكى ئىشەنچنى كۆرسىتىدۇ. دىمەك بىزئاللاھ غا ئىشەنگەن ۋاختىمىزدا بىزنىڭ ئىشەنچىمىز بۇددىستلارنىڭ ،ئاتەشپەرەستلەرنىڭ ۋە يەھۇد، ناسارالارنىڭ ئاللاھ غا ئىشىنىشىگە ئوخشىمايدىغان بولىشى مۇسۇلمانلىقىمىز نىڭ شەرتىدۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ سۈرە نىسانىڭ 136 ـ ئايىتىدە مۆمىنلەرنى بۇخىل ئىماننى ئۆگىنىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دىگەن« ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ غا، ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا چۈشۈرگەن كىتاپقا(يەنى قۇرئانغا)ۋە ئىلگىرى ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتاپلارغا(يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى چۈشۈرۈلگەن ساماۋى كىتاپلارغا)ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى،كىتاپلىرىنى،پەيغەمبەرلىرىنى، ۋە ئاخىرەت كۈننى ئىنكارقىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ».

بۇئايەتتىكى "ئى مۆمىنلەر!"دىگەن خىتاپ ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىدىغان مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغانلىقىدا شەك يوق، ئىشىنۋاتقان بۇ مۇسۇلمانلارغا يەنە " ئىمان كەلتۈرۈڭلار" دىگەن خىتاپنىڭ، بۇ جۈملىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىنكارقىلىشقابولمايدىغان بەش نەرسىنى مەخسۇس ئۆگىنىشكە بۇيرۇق ئىكەنلىگى ئۆز ـ ئۆزىدىن ئېنىقتۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ يەنە سۈرە تەۋبە نىڭ 29 ـ ئايىتىدە كاپىرلارنىڭ ئىماننى ھىساپقا ئالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ« سىلەر ئەھلى كىتاپتىن ئاللاھ غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار(يەھۇدىلارئۇزەيرئاللاھنىڭ ئوغلى،ناسارالارئىسا ئاللاھ نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارئاللاھ غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دىگەن بىلەنمۇئېتىقاد قىلمىغاننىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، ئاللاھ (ئۇزىنىڭ كىتابىدا)ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى(سۈننىتىدە)ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغان ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى)غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلاربىلەن، تاكى ئۇلارسىلەرگەبويسۇنۇپ خارھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر،ئۇرۇش قىلىڭلار».

بىزئالەمدە بىرلا ئىلاھ بار ئۇ بولسىمۇ ھەممىنى ياراتقان يىگانە ئاللاھ دەپ ئىشىنىمىز.

بۇددىستلارمۇ ئالەمنى ياراتقان ئىلاھ بىر دەپ ئىشىنىدۇ.

ھازىر خىرىستىيان دەپ ئاتىلىۋاتقان ناسارالار ۋە يەھۇدىلارمۇ ياراتقۇچى ئىلاھ بىر دەپ ئىشىنىدۇ.

ئەينى چاغدا پەيغەمبىرىمىز جەك ئاچقان قۇرەيش كاپىرلىرىمۇ ئالەملەرنى ياراتقان ئىلاھ بىر بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى ئاللاھ دەپ ئىشىنەتتى . ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دىگەن «ئەگەرسەن ئۇلاردىن: <ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى،كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن)بويسۇندۇردى؟>دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم <ئاللاھ> دەپ جاۋاپ بىرىدۇ، ئۇلارقانداقمۇ(ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن)باش تارتىدۇ!».

ئەمما تارىختا ئىراننى مەرگەز قىلغان مەجۇس (ئاتەش پەرەست ياكى شامان دىنىدىكى كىشى) لەر بولسا ئالەمدە زۇلمەت ۋە يورۇقلۇقتىن ئىبارەت ئىككى ئىلاھ بار دەپ ئىشىنەتتى شۇنداقلا يورۇقلۇق ئىلاھى ئۈستۈن ۋە ياخشى دەپ تونۇيتتى .

ئانداقتا يۇقۇردىكىلارنىڭ ئىچىدە  مەجۇسلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا قالغانلىرى بىلەن بىز نىڭ ئاللاھ غا ئىشىنىشتىكى پەرقىمىز نىمە؟

1-ئاللاھ نى بار دەپ ئىشىنىشتە  بىزنىڭ ئاللاھنى ئۆزى ئاتاپ بەرگەن نامى بويىچە ئاتىشىمىز دىن باشقا ئۇلار بىلەن پەرقىمىزيوق.

2-بىر-دىن بىر ياراتقۇچى ئاللاھ دەپ ئىشىنىشىمىز دىمۇ پەرقىمىزيوق.

3-بىز نىڭ ئاللاھ غا ئىشىنىشتە بارلىق كاپىرلەردىن بولغان ئاساسلىق پەرقىمىزشۇكى ئاللاھ بىردىن-بىرياراتقۇچى بولغان ئىكەن ئەنە شۇ ئاللاھ بىردىن بىر ئىلاھ يەنى ئىبادەت قىلىنغۇچى بولىشى لازىم دىگەندىن ئىبارەت. بۇھەقتە بىزگەئاللاھ مۇنداق تەلىم بەرگەن«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭائىبادەت قىلىش ئۈچۈنلاياراتتىم»سۈرە زارىيات 56-ئايەت.

دىمەك بىز، ئىبادەت دىگەن نىمە ۋە ئۇ كىمگە قىلىنىشقا تىگىشلىك ، شۇنداقلا ئۇنىڭ دائىرىسىگە نىملەر كىرىدۇ ، دىگەن مەسىلىلەردە كاپىرلاردىن پەرقلىقمىز.

## ئىبادەت دىگەن نىمە ؟

ئىبادەت دىگەن سۆيگۈچىنىڭ سۆيۈلگۈچىگە ئۇنىڭ ئىلتىپات قىلىپ كۆرستىپ بەرگىنى بويىچە ئۆزسۆيگۈسىنى ھۆرمەت ۋە ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئىپادىلىشىدىن ئىبارەت. دىمەك ئىبادەت سۆيۈنۈش،ھۆرمەت ۋە ئىتائەتمەنلىك بىلەن قىلىنىشى شەرت. ئەگەر سۆيگۈسىنى ئۆزى خالىغانچە ئىپادلەيدىكەن ئۇسۆيۈلگۈچىنى ھۆرمەت قىلغانلىق بولمايدۇدە ئىبادەت بولمايدۇ . بىزنىڭ ئاللاھ  غا بولغان سۆيگۈمىز ئۇنىڭ ۋە ھىيسى بويىچە ئىپادلىنىدۇ. مانا بۇ ھەم بىز نىڭ باشقا كاپىرلاردىن بولغان تۈپكى پەرقىمىز نىڭ بىرىدۇر.  بۇتوغرىدائاللاھ مۇنداق دىگەن«بەزى ئادەملەرئاللاھ دىن باشقانەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى )ئاللاھ غا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۆمىنلەرنىڭ)ئاللاھنى سۆيگىنىدەك سۆيىدۇ(يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە بويسۇنىدۇ). مۆمىنلەر ئاللاھ نى ھەممىدىن بەك سۆيگۈچىلاردۇر»سۈرە بەقەرە 165-ئايەتنىڭ بىرقىسمى. ئاللاھ يەنە سۈرە ئال ئىمران 31-ئايەتتە مۇنداق دىگەن«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا)ئېيتقىنكى، <ئەگەرسىلەرئاللاھنى سۆيسەڭلار،ماڭائەگىشىڭلاركى،ئاللاھ سىلەرنى سۆيىدۇ».

## ئىبادەت كىمگە قىلىنىشقا تىگىشلىك ؟

مانا بۇ سۇئالنىڭ جاۋابى بىزنىڭ كاپىرلاردىن بولغان ماھىيەتلىك پەرقلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر . بىز ئەلۋەتتە ئىبادەت پەقەت ۋە پەقەتكىنە بىرئاللاھ غا ۋاستىسىز قىلىنىشى كېرەك دەپ ئىشىنىمىز ۋە شۇبۇيىچە ئەمەل قىلىمىز، شۇنداقلا بىز بۇنى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق كەلگەن ۋەھى (ئاللاھدە يولىيورۇق) ئارقىلىق ھۆججەتلەپ تۇرۇپ دەيمىز ئەلۋەتتە. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇھەقتە مۇنداق تەلىم بەرگەن «ساڭا بىز(بۇ)كىتاپنى ھەقىقەتەن ھەق بىلەن (يەنى پۈتۈنلەي ھەقىقەتنى ئۆزئىچىگەئالغان ھالدا)چۈشۈردۇق، دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن)ساپ قىلغىنىڭ ھالدائاللاھغا ئىبادەت قىلغىن'2'. بىلىڭلاركى،(شېرىكتىن ۋە رىيادىن)ساپ دىن ئاللاھغاخاستۇر،ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلۋالغانلار:<بىزنىڭ چوقۇنۇشىمىزپەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھغايېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر>(دەيدۇ). سۈرە زۇمەر2-ئايەت ۋە3-ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

كاپىرلار بولسا ئاللاھ غا بىۋاستە ئىبادەت قىلىشقا بولمايدۇ، دىگەچكە(ناسارالار)ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ياكى (بۇددىستلار) بۇددانى ۋاستە قىلىمىزدەيدۇ، يەنى بىز ئىبادەتنى شۇ ۋاستىلارغا قىلىمىز ئۇلار ئاللاھ غا يەتكۈزىدۇ(يەنى قوشۇمچە ئىلاھلاردۇر)، ۋە بۇ ۋاستىلارنى شۇنداقلا بۇنداق قىلىشنى بىزگە ئاللاھ تاللاپ بەرگەن دەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىدە ئاللاھ تىن كەلگەن ھېچقانداق دەلىل-پاكىتى يوق. بۇھەقتە ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ«بۇ بۇتلارپەقەت سىلەر ۋە ئاتا- بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەت، ئاللاھ بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ بىردەلىل -پاكىت چۈشۈرگىنى يوق، ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن شەك-شۈبھىسىزھىدايەت (يەنى پەيغەمبەرۋە قۇرئان)كەلگەن تۇرۇقلۇق،ئۇلارپەقەت گۇمانغىلاۋە نەپسىلىرىنىڭ خاھىشىغىلائەگىشىدۇ».سۈرە نەجم 24-ئايەت.

## ئىبادەتنىڭ دائىرىسىگە نىملەر كىرىدۇ؟

1-قەدىمقى ناسارالارنىڭ نەزىرىدە ئىبادەت دائىرىسىگە سەجدە قىلىش، رۇكۇقىلىش، دۇئا قىلىش، قانۇنغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنىدىن باشقا بارلىق ياخشى ھەركەتلەر ۋە

يامانلىقلاردىن يېنىش كىرگەن بولغاچقا ھاتەم ئوغلى ئەدى ئاللاھ نىڭ قانۇنغا زىت پەتۋالارغا بويسۇنۇشنىڭ ئىبادەت بولىدىغانلىقىنى بىلگەندە دەرھال ئۆزىنىڭ

مۇشرىكلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ ئىسلامغا كىرگەن.

2-ھازىرقى زاماندىكى ناسارالار(يەنى خرىستىيانلار)نىڭ ۋە بىرقىسىم ئىلمانى(دىندىن سىياسەتنى ئايرىدىغان) يەھۇدىلارنىڭ شۇنداقلا بىرقىسىم ئەقلىنى نەقىل (يەنى قۇرئان ،ھەدىستىن)ئۈستىن قويىدىغان ئاتالمىش مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە ئىبادەت پەقەت مەخسۇس ئىبادەت خانىدىلا قىلىنىدىغان نەرسە بولۇپ ھايات نىڭ باشقا تەرەپلىرى ئىبادەتكە كىرمەيدۇ، ھاياتنىڭ باشقاتەرەپلىرى دېموكراتچە ياكى سوتسىيالىزمچە ۋە ياكى كاپىتالىزمچە بولۇش كېرەك. ئاللاھ سۈرە مائىدە 43-ئايەتتەمۇنداق دەيدۇ«ئۇلارنىڭ يېنىدائاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۆزئىچىگەئالغان تەۋرات تۇرسا(يەنى تەۋراتتىكى ھۆكۈملەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمايۋاتسا) (ئى مۇھەممەد)قانداقچە سېنى ھۆكۈم قىلىشقاچاقىرىدۇ؟»

ئاللاھ سۈرە مائىدە50-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ«ئۇلارجاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟(ئاللاھ غا)چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ئاللاھ دىنمۇ ئادىل كىم بار». ئۇلۇغ ئاللاھ سۈرە شۇرا21-ئايەتتە مۇنداق دىگەن «ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟

(ئاللاھ نىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان ئازابىنى قىيامەتكىچە تەخىرقىلىش توغرىسىدىكى)ھۆكمى بولمىسائىدى،ئۇلارنىڭ ئارىسىدائەلۋەتتە(دۇنيادىلا)ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى،». ئۇلۇغ ئاللاھ سۇرە شۇرا10-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ« سىلەر(دىن ئۈستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا)ھەرقانداق نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشماڭلار،ئۇنىڭغائاللاھ ھۆكۈم چىقىرىدۇ» ئاللاھ سۈرە مائىدە 44-ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دىگەن «كىملەركى ئاللاھ چۈشۈرگەن ئايەتلەر بۇيىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلاركاپىرلاردۇر».

3-بىز ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە (يەنى قۇرئان،ساغلام ھەدىس،ئىتىبارلىق ئىجما، توغراقىياس قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغۇچىلار)نەزىرىدە ئىبادەت دائىرىسگە ئاللاھ رازى بولىدىغان ھەرقانداق ئىچكى -تاشقى سۆز-ھەركەت ۋە سۈكۈناتلار كىرىدۇ. دىمەك بىزدە ھايات ئىبادەت دىمەكتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتەبىزگە سۈرە ئەنئام 162-ئايەتتە مۇنداق تەلىم بىرىدۇ« (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <مىنىڭ نامىزىم،قۇربانلىقىم،ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر».

يۇقۇرقى مۇقەددىمىدىن شۇمەلۇم بولىدۇكى بىزنىڭ مەجۇسلاردىن باشقا كاپىرلاردىن بولغان ئاساسلىق پەرقىمىز ئاللاھنى تونۇشتا ئەمەس بەلكى ئاللاھ غا قانداق ئالاقىدە بولۇش ۋە بۇھاياتقا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزدا دۇر.

بىز مۇسۇلمانلار جۈملىدىن ئۇيغۇرمۇسۇلمانلىرى ئۆزىمىزنى ھەقىقى مۇسۇلمان دەپ تونۇيدىكەنمىز چوقۇم ھاياتىمىزنى جۈملىدىن ھەيت -بايراملىرىمىزنى يۇقۇردا ئېيتىلغان <<بىزدە ھايات ئىبادەت دىمەكتۇر>>دىگەن ئەقىدە ئىچىدە تولۇق قويىشىمىز لازىم ،بولمىسا سۆزىمىزگە ھەركىتىمىز توغراكەلمەي قالىدۇ دە مۇناپىقلار توپىغا ئايلىنىپ قالىمىزخالاس.

تووۋەندە بايراملار ھەققىدە بىر- بىرلەپ توختىلىمىز:

سۆزىمىزنى ئۇلۇغ ئاللاھ نىڭ سۈرە بەقەرە 208-ئايىتىدىكى مۇنۇ تەلىمى بىلەن باشلايلى «ئى مۆمىنلەر!ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار(يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇڭلار،بەزى ھۆكۈملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ھۆكۈملىرىنى تاشلاپ قويماڭلار)،شەيتانىنىڭ يوللىرىغا(ۋە ئىغۋاسىغا)ئەگەشمەڭلار. شەيتان سىلەرگەھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر».

مۇقەددىمىزدىن شۇمەلۇملۇقكى ھاياتتا ئىبادەت بولمايدىغان ھەركەت ياكى سۈكۈنات يوق، دىمەك ھاياتىمىزدىكى كىچىك -چوڭ بارلىق پائالىيەتلىرىمىز ئىبادەت بولۇپ جۈملىدىن بىزنىڭ ماۋزۇيىمىزدىكى ھەيت- بايرام ئەنە شۇ ئىبادەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئەلۋەتتە ئىبادەتنى ئاللاھ غا قىلىنغان ئىبادەت ۋە شەيتانغا قىلىنغان ئىبادەت دەپ ئىككىگە ئايرىشىمىز مۇمكىن . ئىبادەتنىڭ شەيتانغا ئەمەس بىرئاللاھ غا ھەتتا كۆڭۈل خاھىشلىرىمىزدىن يىراق ھالدا پەقەت بىرئاللاھ غىلا بولۇش لازىملىقى ھەرقانداق مۇسۇلمانغا ئايان بولسا كىرەك.

ئانداقتا ئىبادەتنىڭ ساپ ھالدا ئاللاھ ئۈچۈن بولغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار قايسىلار؟

1-نىيەتنىڭ ئاللاھ رازىلىغى ئۈچۈنلابولىشى . بۇنىڭ كاپالىتى شۇكى قىلماقچى ياكى تاشلىماقچى بولغان شۇ ئىشى ھەققىدىكى توغرائەقىدىنى بىلىش يەنى قىلغان ھەرقانداق ئىشنى« ئەمر تەئەببۇدى (ئىبادەت ئىشى )» دەپ تونۇپ بۇھەقتىكى قىسقىچە دەلىللەرنى بىلىپ شۇ ئاساستا قىلىش ياكى چەكلىنىش .

بۇتوغرىداپەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:«ھەرقانداق ئەمەللەر نىيەتلەرگەباغلىقتۇر ۋە ھەرقانداق كىشىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ»ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

2ـقىلغان ئىشىنىڭ سۈننەتكە ئۇيغۇن بولىشى . بۇنىڭ كاپالىتى شۇكى قىلغان ئىشنىڭ ئىجراقىلىش شەكلى ،ئاداقىلىش ۋاقتى ، ئورۇندايدىغان ماكانى ھەققىدە ئايەت ھەدىس ياكى ساھابىلارھاياتىدىن تولۇق ھۆججەتكە ئىگە بولۇش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن «بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدابىركىم يېڭىدىن ئۇنىڭدايوق بىرئىشنى پەيداقىلىدىكەن ئۇئىش رەت قىلىنىدۇ».

3ـقىلغان ئىبادەتنى بىكارقىلۋىتىدىغان شىرىك ۋە رىيادىن يىراق بولۇش. بۇنىڭ كاپالىتى ھەم ئىمان ۋە كاپىرلىق ، ئىخلاس ۋە رىياخۇرلۇق ھەققىدە ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۇرۇشتۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن« شەكسىزكى رىيا كىچىك شىرىكتۇر».

مانا بۇ ئامىللارھەرقانداق ئەمەلنىڭ (ئۇ قىلىش ياكى چەكلىنىش بولسۇن) قۇبۇل بولىشىدىكى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بەلگىلىگەن پىرىنسىپلار بولۇپ بۇنىڭدىن بىرى كەم بولسا ئەمەل قوبۇل بولمايدۇ .

دىمەك ھەرقانداق ئىبادەتتە نىيەت ساپ بولۇش بىلەن بىرگە،ئۇ ئىشنىڭ ئىسلام دىنىدايولغاقويۇلغان بولىشى ئاداقىلىش شەكلى، ئىجراقىلىش ۋاقتى ۋە ئورۇندايدىغان جاي قاتارلىقلار شەرئەت ئۆلچىمىگە تامامەن ئۇيغۇن بولىشى شەرت.

## *نورۇز بايرىمى ھەققىدە*

ھەيت ـ بايراملار ئىبادەت بولۇپ قۇربان ۋە رۇزاھەيت ـ بايرىمى ئاللاھ غا قىلىنغان ئىبادەت بولسا نۇرۇز بايرىمى شەيتانغا قىلىنغان ئىبادەتدۇر.

ھەيت ـ بايرام ئادەتتىكى بىر ئىبادەت بولۇپلا قالماستىن دىنىنىڭ شۇئارلىرىدىندۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ سۈرە ھەج 32ـ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ«ئىش ئەنە شۇنداق، كىمكى دىنى ئىشلارنى (جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى،قۇربانلىقلارنى ) ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ، دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر» . بۇئايەتتىكى قۇربانلىق قۇربان ھەيت كۈنىدىكى بىرئىبادەت ئۇنى ئۇلۇغلاش تەقۋالىق بولسا بۇكۈندىكى بايرامنىڭ ئىبادەت بولىشى ۋەئۇنى ئۇلۇغلاشنىڭ تەقۋالىق بولىشى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇملۇق ئىشتۇر. بۇئىككىسىدىن باشقىسىنى ھەم ھەيت ـبايرىمىم دەپ قاتنىشىش بۇ ئىككىسىگە ھاقارەتتۇر.

دىمەك قۇربان ھەيت ۋە رۇزاھەيت ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا تاللاپ بەلگىلەپ بەرگەن بايرامدۇر، ئەمما نورۇز نى كىم بەلگىلىگەن ۋە كىم تاللىغان؟

"نورۇز" دىگەن سۆز پارىسچە " نەۋ" يېڭى، "رۇز" كۈن، دىگەن ئىككى سۆزدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ ، يېڭى كۈن دىگەنلىك بولىدۇ، بۇقەدىمقى مەجۇس(ئاتەش پەرەس ياكى شامان) دىنىنىڭ ئەقىدىسى ۋە يىلنامىسى بويىچە يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنىنى چۈشەندۈرىدۇ.

"بايرام" سۆزى تۈركچە سۆزبولۇپ ئۇيغۇرمىللىتى ئىرقى جەھەتتىن بىرتۈرك قەبىلىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇسۆزنى قوللانسا، مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇنىڭغا ياندىشتۇرۇپ ئەرەپچە"ئايد" سۆزىنىڭ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلىشى بولغان "ھېيت" سۆزىنى بىللە قوللىنىپ داۋاملىق "ھېيت-بايرام" دەپ ئىستىمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

ئەرەپچىدىكى "ئايد" سۆزى ھەرقانداق خۇشاللىق ۋەتەبرىكلەشنى ئىپادىلەيدىغان جامائەت سورۇنى ۋە پائالىيەتلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

ھازىر بۇ كۈن يەنى "نورۇزكۈنى" ئاتەش پەرەسلىكنى بىشىدىن كەچۈرگەن مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە بىرئاز پەرقلەربۇيىچە بىكىتىلىپ ، ئاساسەن ئوخشاش بولغان ھەرخىل تۈستە ئۆتكۈزىلىدۇ.

## *نورۇز بايرىمى ئۇيغۇرلارنىڭ سالاھىيەت بايرىممۇ؟*

پارىسلار،كوردلار، ھەرقايسى تۈرك قەبىلىلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئاتەش پەرەسلىكنى بىشىدىن كەچۈرگەن مىللەتلەر بولۇپ بۇلارنىڭ ھەممىسىدە نورۇز ئۆتكۈزىلىدۇ. ئىسلام خەلىپىلىگى سىمۇۋۇل شەكلىدىمۇ قالدۇرۇلماي غەرىپ شەيتانلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كىيىن ئۇلارئىسلامنى خەلق ئىچىدىن پۈتۈنلەي يوقۇتۇش ئۈچۈن ھەرخىل سۈيقەستلەرنى يولغاقويغان بولۇپ ئۇنىڭ بىرى تاردائىردىكى مىللەتچىلىكنى مەيدانغاچىقىرىش بولدى. ئىسلام مىللەت قارىشىغا يات بولغان بۇنداق مىللەتچىلىك ئىپادىلىرىنىڭ بىرى ھەرخىل ئىرقتىكى ئوخشاش مۇسۇلمان بولغان خەلىقلەرنىڭ ھەربىرى ئۆزىنى بىرمىللەت دەپ بىكىتىپ ئىسلامغاكىرىشتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەرۋلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى قىزىپ چىقىپ ئۇنى ئۆزئالدىغا ئۆزىگەخاس مۇقەددەس مىللى ئەنئەنە دەپ داۋراڭ سېلىپ چىقىشتى. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى نورۇزبايرىمىدۇر.

ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى نورۇزنى پارىسلارئىراندابىزنىڭ دەپ دۆلەتتىن مەخسۇس ئۈچ كۈن بايرام كۈنى بىرىپ ئاتەشلەرنى يېقىپ ئۆتكۈزسە، كوردلارمۇ بىزنىڭ دەپ ئوتلارنى يېقىپ ئۆتكۈزىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرى ھەم ئۇنى قەدىمقىدەك قاپاق كۆيدۈرۈپ ئۆتكۈزەلمىگەنىگە ئەپسۇسلىنىپ بۇ بىزنىڭ سالاھىيەت بايرىمىمىزدەپ جارسېلىشىپ كىتىدۇ .

قىسقىسى نورۇز بايرىمىنى ئاتەش پەرەستلەرگە ئۇلارنىڭ دۇنيادا يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق دەپ ئىككى ئىلاھ باردىگەن ئەقىدىسى ئاساسىدا شەيتان تاللاپ بىكىتىپ بەرگەن بولۇپ،يۇقۇرقىلاردىن ئۇنىڭ شېرىك بولىدىغانلىقىنى قەلبى كۆزى كوربولمىغان ھەرقانداق مۇسۇلمان بىلۋالالايدۇ.

ئۇيغۇرمىللىتى مىللەت سۈپىتىدە ئۇمۇمەن مۇسۇلمان بولغان خەلق بولسىمۇ ئۇيغۇر بولۇش مۇسۇلمان بولۇش ئەمەس ، شۇنداقلا ئاتا-ئانىسى مۇسۇلمان بولۇش ياكى ئىسلام دىنىنى مىللى ئەنئەنەم دەپ تونۇپ مۇسۇلمانلىق داۋاسى قىلىشمۇ مۇسۇلمانلىقنى كۆرسەتمەيدۇ.

ئۆزىنى ھەقىقى مۇسۇلمان دەپ بىلىدىغان ئۇيغۇرنىڭ بۇسۇئالغا بىرىدىغان جاۋابى " ئەگەرنۇرۇز قۇرئان ۋە ھەدىستا رۇخسەت بىرىلگەن بايرام بولسا ئۇ مىنىڭ بايرىمىم ئۇنداق بولمىسا ئۇ مىللى ئەنئەنە بولغان تەقدىردىمۇ مەن ئۇنىڭدىن ئادا-جۇدامەن" دىيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ ھەم شۇنداق بولىشى كىرەك. چۈنكى ئىسلام دىنىدىكى ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ھاياتى ئاللاھ تەرىپىدىن تۈزۈملەشتۈرۈلگەن بولۇپ ، مۇسۇلماننىڭ ئىختىيارى ھالدا بۇتۈزۈم سىرتىداھەركەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئاللاھ سۈرە ئەھزاپ 36-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ«ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەرئىشتاھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر- ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆزئىشىدائىختىيارلىقى بولمايدۇ».

دىمەك ھەيت-بايرام تەۋقىفى (ئاللاھ ۋەھى بىلەن بەلگىلەيدىغان ئىش)دۇر.

ئۇنداقتا "ھەيت- بايرام" ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىمە دەپ تەلىم بەرگەن بۇنىڭغا قاراپ باقايلى :

## قۇربان ھەيت ۋە روزا ھەيت ھەققىدە

*1-مۇسۇلمان ۋە ئۇيغۇرمۇسۇلمانلىرنىڭ بايرىمى (قۇربان ھەيت ۋە روزاھەيتتىن ئىبارەت) پەقەت ئىككىدۇر.*

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيت-بايرىمى پەقەت قۇربان ھەيت ۋە روزاھەيتتىن ئىبارەت ئىككى بايرام بولۇپ بۇھەقتە نەسەئى ۋە ئەبۇداۋۇتتا كەلگەن ساغلام بىرھەدىستا،ئەنەس ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ كەلگەندە مەدىنە ئاھالىسىنىڭ بايرام قىلىپ ئوينايدىغان ئىككى كۈنى بارئىكەن ئۇلاربىرقېتىم ئۇيناۋاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىمە كۈنلەر؟دەپ سورىدى ئۇلار، بىزجاھىلىيەتتە(مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن) بۇكۈنلەردە ئوينايتتۇق دېيىشتى،شۇچاغدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:«شەكسىزكى ئاللاھ سىلەرگەبۇئىككىسىدىن ياخشى بولغان قۇربان ھەيت ۋە روزاھەيتنى ئالماشتۇرۇپ بەردى» ئىمام ئەبۇداۋود 1|675-نۇمۇرلۇق ھەدىس . ئىمام نەسەئى 3|179-نۇمۇر بۇيىچە كەلتۇرگەن بولۇپ ئۇنىڭ تىكىستىدە مۇنداق باشلانغان«جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ ھەريىلدا ئوينايدىغان ئىككى كۈنى بولوپ ..».

ئوچۇقكى بۇنىڭدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيت- بايرىمنى قۇربان ھەيت ۋە روزاھەيتتىن ئىبارەت ئىككى بايرامغا يىغىنچاقلىغان. ئىسلام پىشۋاسى ئىبنى تەيمىييە بۇھەدىسنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ< پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ«شەكسىزكى ئاللاھ سىلەرگە بۇئىككىسىدىن ياخشىسىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى» دېگەن ئىبارىسى،(ۋاقتى كەلگەندە) جاھىلىيەتنىڭ بايرىمىنىمۇ شۇنداقلا(ۋاقتى كەلگەندە) قۇربان ھەيت ۋە روزاھەيتنىمۇتەڭ ئۆتكۈزۈشنى تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ، بولۇپمۇ « بۇئىككىسىدىن ياخشىسىنى»دېگەن ئىبارە جاھىلىيەت ئەنئەنىلىرىنى تاشلاپ بىزگە شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەننى ئۆزلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ >.

ئىمام ھاپىزئىبنى ھەجەر ئەسقىلانى يازغان "بۇلۇغۇلمەرام" كىتابىنىڭ شەرھىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇستازئابدۇللاھ بىننى ئابدىراھمان بەسسامنىڭ "تەۋزىھۇلئەھكام مىن بۇلۇغىلمەرام" كىتابىنىڭ(3-توم 50-بەت)ئىككى ھەيت نامىزى بابى 407-نۇمۇرلۇق ھەدىس شەرھىسىنىڭ "ھەدىستىكى سۆزلۈكلەر"دىگەن ماۋزۇسىدا مۇنداق كەلگەن<جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۇلارئوينايدىغان ئىككى كۈننىڭ بىرى پارىسچە "يىڭى كۈن" دىگەننى بىلدۈرىدىغان "نەۋرۇز"نامىدىكى كۈنى بولۇپ قۇياشنىڭ ھەمەل بۇرجىغا كىرگەن بىرىنچى كۈندىن ئىبارەت .

ئىككىنچى كۈن بولسا پارىسچە "مىھرەكان" دىگەن سۆزنىڭ ئەرەپچىدە بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشى بولغان "مىھراجان" نامىدىكى كۈن بولۇپ، بۇقۇياشنىڭ مىزان بۇرجىغايۆتكەلگەن بىرىنچى كۈندىن ئىبارەت. بۇنى ئەرەپلەر ئەينى چاغدىكى ئۆزلىرىنىڭ تەسىركۆرسەتكۈچىسى ۋە يېقىن خوشنىسى بولغان شۇنداقلا ئىمپىرىيە ئىگىسى بولغان پارىس (ھازىرقى ئىران)لىقلاردىن قوبۇل قىلىپ ئۆزئەنئەنىسىگە ئايلاندۇرغان>.

دىمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەينى چاغدامۇسۇلمانلارنى چەكلىگەن بايرام ئەنە شۇبۈگۈنگىچە سۆرىلىپ بىزنى شېرىك تەرەپكە سۆرەۋاتقان "نورۇز" بايرىمى ئىكەن .

سەھى مۇسلىم ۋە سەھى بۇخارىدا ئانىمىزئائىشە ـئاللاھ رازى بولسۇن! دىن كەلگەن بىرساغلام ھەدىستا ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ<قېشىمدا ئەنسارىلارنىڭ خىزمەتچى قىزلىرىدىن بولغان ئىككى قىزچاق ئەنسارىلارئارىسىداتارالغان قەھرىمانلىق ناخشىلىرىنى گەرچە بۇئىككىسى ناخشچى بولمىسىمۇ ئاھاڭغاسېلىپ ئوقۇپ بىرۋاتاتتى، ئەبۇبەكرى كىرىپ كەلدىدە ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۆيىدىمۇشەيتاننىڭ سۇنايلىرى بولامدۇ؟ دىدى . بۇ بۇلسا ھەيت كۈنى ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى« ئى ئابابەكرشەكسىزكى ھەربىر قەۋمنىڭ ھەيت-بايرىمى بار، بۇ بولسا بىزنىڭ ھەيت ـبايرىمىمىز»>.

بۇھەدىسنى ئىسلام پېشىۋاسى ئىبنى تەيمىييە چۈشەندۇرۇپ مۇنداق دىگەن < بۇھەدىسنىڭ بىرنەچچە كۆرسەتمە نۇقتىلىرى بولۇپ بۇلاردىن بىرىنچى نۇقتا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ«شەكسىزكى ھەربىرقەۋمنىڭ ھەيت-بايرىمى بار»دىگەن سۆزىدۇر. بۇجۈملە خۇددى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ سۈرەبەقەرە148-ئايەت بېشىدا«ھەر(ئۇممەت)نىڭ يۈزكەلتۈرىدىغان تەرىپى(يەنى قىبلىسى)بار،»دىگەن سۆزى ۋە پاك ئاللاھنىڭ يەنە سۈرە مائىدە48-ئايىتىدە «(ئى ئۇممەتلەر!)سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلارغابىرخىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق.»دىگەن سۆزلىرىگە ئوخشاش ھەربىرقەۋمنىڭ ئۆزىگە خاس بايرىمى بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ،چۈنكى بۇئىبارىلەردىكى لام(ل) يەنى "نىڭ" قوشۇمچىسى خاسلاشتۇرغۇچىدۇر. ئىككىنچى نۇقتا بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « بۇ بولسا بىزنىڭ ھەيت-بايرىمىمىز» دىگەن سۆزى بولۇپ، بۇ جۈملە بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنىڭدىن (يەنى قۇربان ھەيت ۋە روزاھەيتتىن) باشقا ھېچقانداق ھەيت-بايرىمىمىزنىڭ يوقلىغىنى ۋە بىزنىڭ ھەيت-بايراملىرىمىزنى بۇ ئىككىسىگىلا يىغىنچاقلىشىمىزلازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ>.

*2-كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ ھەيت-بايراملىرىدا ئوخشاپ قېلىشتىن چەكلەش .*

بۇھەقتە كەلگەن كۆرسەتمە ھۆججەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ بۇلارنى ئاساسى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا تىرىشىمىز.

بىرىنچى كاپىرلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ئۇمۇمى چەكلىمە:

پاك ئاللاھ سۈرە جاسىيە18-ئايەتتە مۇنداق دېدى«ئاندىن سېنى بىز(ئى مۇھەممەد!)دىن ئىشىدا(روشەن)بىريولداقىلدۇق، شۇيولغائەگەشكىن، بىلمەيدىغانلار(يەنى مۇشرىكلار)نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن». بۇئايەتتىكى بىلمەيدىغانلار قاتارىغائاللاھ چۈشۈرگەن بۇ شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلىغان ھەرقانداق كىشى كىرىدۇ.

ئۇلارنىڭ نەپسى خاھشلىرى بولسا ئۆزلىرىنىڭ يالغان دىنلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان تاشقى كۆرۈنۈش شەكىللىرى يەنى مودىلىرىغا بولغان قىزىقىشلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ ،ئۇلارنىڭ بۇ نەرسىلىرىگەماسلاشقانلىق ئۇلارنىڭ خاھشلىرىغا ئەگەشكەنلىك بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا مۇشۇنداق بىرقىسىم ئىشلىرىداماسلىششى ئۇلارنى ئىنتايىن خۇرسەن قىلىدۇ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇنى قولغاكەلتۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىق ئىقتىسات چىقىم قىلىشتىن يانمايدۇ.

«ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىربولۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگەئوخشاش بولۇشۇڭلارنى ئۈمىت قىلىدۇ،»سۈرە نىسا 89-ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

بۇھەقتىكى ئايەتلەر ناھايىتى كوپتۇر. بۇ ئايەتلەرنى تېخىمۇ مۇقەررەرلەشتۇرۇش ئۇچۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ھەدىسلەرنى سۆزلىگەن بولۇپ جۈملىدىن ئابدۇللاھ بىننى ئۇمەر ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن يەتكۈزگەن مۇنۇ ھەدىس بولۇپ ئۇنىڭدا رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن«كىمكى ئۆزىنى بىرقەۋم(مىللەت)كە ئوخشاتسا ئۇ ئاشۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر».ئىسلام پىشۋاسى ئىبنى تەيمىييە بۇھەدىس توغۇرلۇق مۇنداق دىگەن <بۇھەدىس كاپىرغا ئوخشۇپىلىشنىڭ ئەڭ ئەقەللى ئەھۋالداھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ،گەرچە ھەدىس ئىبارىسى ئوخشۇۋالغۇچىنىڭ كاپىربولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىسىمۇ>.

دىمەك ئومۇمى چەكلىمىدە كاپىرغا ئوخشۇپىلىشنىڭ مۇتلەق ئۆزىلاشۇ ئوخشۇۋالغۇچىنىڭ كاپىربولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىسىمۇ ئۇلارغا ئوخشۇپىلىشنىڭ قايسى دەرىجىدە بولىشى شۇ تەقلىت قىلىپ دورىۋالغان نەرسىنىڭ ماھىيىتىگە باغلىق بولۇپ ئۇ" نورۇز"غا ئوخشاش ئاتەش پەرەستلەرنىڭ ئىبادىتى ياكى باشقاكاپىرلارنىڭ ئىبادىتى بولسا بۇنىڭغا قاتناشقۇچىنىڭ نىيىتىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئى نەزەر ئۇنىڭ شۇماھىيىتىنى بىلىپ ئۆزئىختىيارى بىلەن قاتنىشىدىكەن كاپىربولىشىدا شەك يوق. ئەمما شۇ تەقلىت قىلىنغان نەرسە ماھىيەتتە بىرەرمىللەتنىڭ يالغان دىنىنى يىلتىز قىلماستىن شەكىللەنگەن ئۆرپ-ئادەتلا بولسا ئۇنىڭغا ئۆخشۇپىلىش ياكى قاتنىشىش هارامدۇر.

ئىككىنچى ئۇلارغا ئوخشاپ قىلىشتىن مۇئەييەن ئىشلاربۇيىچە چەكلەش.

بۇھەقتە كەلگەن ھەدىسلەردىن بىرى ئاللاھ رازى بولسۇن! ئەبۇھۇرەيرە يەتكۈزگەن «شەكسىزكى يەھۇد-ناسارالار (چاچ -ساقاللىرىنى بويىمايدۇ، سىلەر ئۇلارغا خىلاپلىق قىلىڭلار(يەنى بوياڭلار)»دىگەن ھەدىستۇر. بۇھەقتىكى يەنە بىر ھەدىس ،ئاللاھ رازى بولسۇن!ئۇمەرئوغلى ئابدۇللاھ يەتكۈزگەن مۇنۇھەدىستۇر«مۇشرىكلارغا قارشى بولۇپ بۇرۇتنى قىسقارتىڭلار ۋە ساقالنى قويىۋېتىڭلار». يەنە بىر ھەدىس ئاللاھ رازى بولسۇن!شەدداد ئىبنى ئەۋس يەتكۈزگەن «يەھۇدىلارغاقارشى بولۇڭلار،ئۇلاركەشلىرى بىلەن ۋە شىپەكلىرى بىلەن ناماز ئوقۇمايدۇ(يەنى سىلەر ئاياقلىرىڭلار بىلەن نامازئوقۇساڭلاربولىدۇ)».دىگەن ھەدىسلەردۇر. بۇھەدىسلەردىكى بوياشنىڭ قارارەڭدە بولماسلىغى ۋە ئاياقنىڭ پاكىزە بولىشى باشقا ھەدىسلەرئارقىلىق كۆرسىتىلگەن.

ئۇچىنچى ئۇلارغا ھەيت-بايراملىرىدا ئوخشاپ قىلىشتىن مەخسۇس چەكلەش.

ئىسلام پىشۋاسى ئىبنى تەيمىييە ئۆزىنىڭ "دوزاخ ئەھلىگە ئوخشاپ قالماسلىقتىكى داغدام يولنىڭ تەلىپى" دىگەن كىتابىدا بۇھەقتە مەخسۇس بۆلۈم ئاجراتقان بولۇپ ئۇنىڭدا ئىككى يول بۇيىچە چۈشەندۇرگەن ئۇنىڭ بىرىنچىسى كاپىرلارغا ئوخشاپ قىلىشنىڭ ئۇمۇمى چەكلىمە ئىچىگە كىرىدىغانلىقى ۋە بۇبۇيىچە بىزنىڭ دىنىمىزدا ياكى بىزئەگىشىشكە بۇيرۇلغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئادەتلىرىدە بولمىغان ھەرقانداق ئىشنى تاشلاش ۋە كاپىرلارغا قەتئى ئوخشىمايدىغان شەكىلدە يۈرۈشنىڭ دىن ۋە دۇنيالىقتا پايدىلىق ئىكەنلىگى شۇنداقلا ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ئەمەسلىگى ئېنىق بولغان نەرسىلەردىمۇ ئوخشاپ قىلىشقابولمايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئىككىنچىسى بولسا مەخسۇس ئۇلارنىڭ بايراملىرىغا قاتناشماسلىق بەلكى بايراملىرىغا ئوخشاپ قالماسلىق ھەققىدە بولۇپ قۇرئان،ھەدىس ،ئىجما ۋە ساھابىلارنىڭ ئىتىبارلىق ئىش- ئىزلىرى بۇيىچە دەلىللەر كەلتۇرۇلگەن :

## قۇرئان .

سۇرەفۇرقان72-ئايەتتىكى «ئۇلار(يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر)يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ،»دىگەن جۈملىدىكى يالغان گۇۋاھلىقنى تابىئىنلاردىن مۇجاھىد ،ئىبنى سىرىن ،رەبىژ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلار ئاللاھ رازى

بولسۇن! <كاپىرلاننىڭ بايراملىرى >دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى " گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ"دەپ تەرجىمە قىلىنغان "لايەشھەدۇن" سۆزى ئەرەپچىدە مەيدانغاھازىربولمايدۇ مەنىسىنى ھەم ئىپادىلەيدۇ، بۇنداق بولغاندا" ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر يالغان گۇۋاھلىق مەيدانى بولغان كاپىرلارنىڭ بايراملىرىغا ھازىربولمايدۇ" دىگەن بولىدۇ.

دىمەك شېرىك مەيدانىغا ھازىر بولغان ئادەم ئۆزى بىلىپ ـبىلمەي شېرىكنىڭ شاھىدى بوپقالىدۇ، گۇناھ مەيدانىغا ھازىر بۇلغان ئادەم ھەم شۇ. ئۇنداق مەيدانغا كۆرۈش ياكى ئاڭلاش ئۈچۈن بارغانلارھەققىدە ئاللاھ شۇنداق دەۋاتسا ئۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن قاتنىشىپ ئۇنى بىزنىڭ ئەنئەنىمىز بەلكى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ سالاھىيەت بايرىمى دەۋاتقانلارنى قەيەدە قويۇش لازىم؟

## ھەدىس .

ھەدىستىن بولغان ھۆججىتىمىزدىن بىرى يۇقۇردا بايان قىلىپ ئۆتكەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگەكەلگەندىكى مەدىنە ئاھالىسى بايرام قىلىپ ئوينىغان ۋە ئۇنى رەسۇلۇللاھ سۇرۇشتۇرۇپ ئاخىرىدا چەكلىگەن كۈنلەر توغرىسىدىكى ھەدىس .يەنە بىرى سەھى مۇسلىم ۋە سەھى بۇخارىنىڭ ھەدىس تارىخىنى ئېنىقلاش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن بولغان زەھاك ئوغلى سابىت يەتكۈزگەن مۇنۇ ھەدىستۇر،ئاللاھ رازى بولسۇن !سابىتنىڭ دىيىشچە بىرئادەم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام زامانىدا بەۋانە دىگەن جايدابىرتۈگە قۇربانلىق قىلىشقا نەزىر(ۋە دە) قىلغانلىقىنى ئېيتىپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن «بۇجايدا جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىبادەت قىلىنىدىغان بىرەربۇت بارمىدى ؟» ئۇلار ياق دىگەندە رەسۇلۇلۇللاھ «بۇجايدا جاھىلىيەت بايراملىرىدىن بىرەر بايرام بۇلغانمۇ؟» دېدى،ئۇلارياق دىيىشتى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «نەزىرىڭنى ئاداقىل ،چۈنكى ئاللاھ غا ئاسى بولىدىغان ئىشتا ياكى ئىنسان ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلمايدىغان نەرسىدە نەزىرگە ئەمەل قىلىش يوق »دېدى.

بۇھەدىس بىزگە ھەرقانداق بىرمەخسۇس ئىبادەتتە ئۇنى ئاداقىلىدىغان ماكان ۋە زامانىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىپ ئۇنى كاپىرلارنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان جايلىرى ۋە ۋاقىتلىرىغا توغۇرلاشتۇرماشتىن ئادا قىلىشنى ئۇختۇرۇش ئارقىلىق بىزنىڭ كاپىرلارغا ئوخشاپ قالماسلىق ئۈچۈن قانچىلىق سەزگۈربولىشىمىزنى تەلىم بەرگەن. شۇنداقلا بىرەر ئىبادەتكە ئۆزى خالىغانچە ۋاقىت ۋەماكان بەلگىلەشنىڭ بىدئەتلىگىنى كۆرسەتكەن.

"ئايد" يەنى ھەيت ئادەتتە ماكان،زامان ۋە يىغىلىش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ، مەسىلەن رەسۇلۇللاھ جۈمە كۈنى ھەققىدە مۇنداق دىگەن ئىدى«شەكسىزكى بۇكۈننى ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا ھەيت قىلىپ بەرگەن». يىغىلىش ھەققىدە ئاللاھ رازى بولسۇن! ئابباس ئوغلى ئابدۇللاھ مۇنداق دىگەن ئىدى «مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن ھەيتقا بىللە قاتناشقان ئىدىم». ماكان ھەققىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن «مىنىڭ قەبرەمنى ھەيت۔بايرام قىلىۋالماڭلار».

دىمەك بىر بايرامغا قاتنىشىش ئارقىلىق شېرىك ياكى بىدئەت سىمۋۇلىنى ھۆرمەتلەش ۋە جانلاندۇرۇش ،كاپىرلارنىڭ ئىبادەت ئورنىنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇلارنىڭ شېرىك ياكى بىدئەت ئۈچۈن توپلىنىدىغان مەۋسۇملىرىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جىنايەتلەر بىراقلا شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بىز بىرئادەمنىڭ بۇيىنىغا كىرىس بەلگىسىنى ئېسىش بىلەن "نورۇز"غا قاتنىششىنى سېلىشتۇرۇپ كورىدىغان بولساق،"نورۇز"دا شەكىللەنگەن جىنايەتتىن "كىرىس ئېسىشتا" شەكىللەنگەن جىنايەت ئازراق ئىكەنلىگى ئېنىق بولىدۇ ۋاھالانكى كىرىس ئېسىش مەجبۇرلانغان ۋە جەڭ تاكتىكىسىدىن باشقاھالەتلەردە ئادەمنىڭ نىيىتىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئى نەزەرئادەمنىڭ

مۇسۇلمانلىقنى بۇزۇپ تاشلايدىغانلىقىدا ئالىملارئاراھىچ ئىختىلاپ يوقتۇر. شۇڭا بىز ھۆكۈمدە قاتناشقان بايرامنىڭ "نورۇز"دەك شېرىك ياكى مەۋلۇتتەك بىدئەت ئىكەنلىنى پەرقلەندۇرسەكمۇ، چەكلىمە ئورتاقتۇر.

## ھەپتىلىك بايراملار جۇمە، شەنبە ۋە يەكشەنبىلەرھەققىدە

ئاللاھ رازى بولسۇن!ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىگىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ«بىز(دۇنيادا)ئاخىردا قىيامەتتە ئالدىدابولغۇچىلەرمىز،چۈنكى ئۇلارغا بىزدىن بۇرۇن كىتاپ بىرىلدى، بىزگە ئۇلاردىن كېيىن بىرىلدى، ئاندىن ئۇلارغا ئاللاھ پەرزقىلىپ بىكىتكەن بۈكۈندە (يەنى ھەپتىلىك بايرام كۈننى تالالاشتىمۇ)ئىختىلاپ قىلىشتى، ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭغا(مۇيەسسەرقىلىپ) ھىدايەت قىلدى،ئۇنىڭداكىشىلەربىزنىڭ ئارقىمىزدا،ئەتە يەھۇدىلار ئۈچۈن، ئۆگۈن ناسارالارئۈچۈندۇر».بىرلىككە كىلىنگەن ھەدىس. بۇھەدىستا شەنبە يەھۇدىلارنىڭ ھەپتىلىك بايرام كۈنى، يەكشەنبە ناسارالارنىڭ ھەپتىلىك بايرام كۈنى، جۈمە بىزنىڭ ھەپتىلىك بايرام كۈنىمىز ئىكەنلىكى بىكىتىلگەن بولۇپ بىزنىڭ شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇلارغا ماسلىششىمىزنىڭ بۇ ھەدىس روھىغا خىلاپلىق ئىكەنلىگىنى كۆرسەتمەكتە. ئەگەر ھەپتىلىك بايرام بۇنداق بولسا يىللىق بايراملار ۋە" نورۇز"غا ئوخشاش مەخسۇس بايراملار قانداق بولماقچى .

يەنە ئاجايىپ ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى ئىجتىمائى رىئاللىقتا قارايدىغان بولساق مەلئۇن "نورۇز"غا يەھۇدىلار ھەرگىز قاتناشمايدۇ، ناسارالارمۇ دىنىدىن شۇنچىلىك يىراقلاپ كەتكەن تۇرۇپ ئاكتىپ قاتناشمايدۇ، ئۇنىڭغا بىز مۇسۇلمانلار دىنىمىزنى بۇزىدىغان بولسىمۇ تالىشىپ قاتنىشىمىز، بۇنى ئويلىسام بىز ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەپ ئىسلام دىنىغا ھاقارەت قىلىۋاتىمىزمۇ قانداق دەپ قالىمەن .

## ئىجما ۋە ئىتتىبارلىق ئىش- ئىزلار.

بۇھەقتىكى ئىجما ۋە ئىتتىبارلىق ئىش-ئىزلارنى بىرنەچچە نۇقتىدىن كۆرستىشىمىز مۇمكىن ئۇنىڭ بىرى يەھۇدىلار، ناسارالار، ۋە مەجۇسىلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا جىزيە(قوغداش ھەققى)تۆلەپ تۇرغان دەۋرلەرنىڭ بىرقىسىم ئىزناسلىرى دىللىرىمىزدا ئورنىنى يوقاتماي تۇرۋاتقان شۇپەيتلەردە دىققەتلەرنى چىكىدىغىنى ئىلگىركى ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا ھەيت ـبايراملىرىنى ئۆتكۈزىشكە ئادالەت ئەندىزىسى ئىچىدە رۇخسەت بىرىشى بىلەن بىرگە ئەجداتلىرىمىزدىن ھىچ بىرسى ئۇلارنىڭ بايراملىرىغا قاتناشماسلىقىدۇر، ۋاھالانكى ئەينى ۋاقىتتىكى رىئاللىقتا ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ يامان كۆرىشى بولمىغىنىدا بۇنداق ئىشنىڭ بىرەر قېتىم بولسىمۇ يۈز بىرىپ قېلىشى چوقۇم ئىدى، چۈنكى بىرەر ئىشنىڭ يۈز بىرىشىگە مۇھىت ھازىرلانغىنىدا ئۇنى چەكلەيدىغان كۈچلۈك ئامىل بولمىسا يۈزبەرمەي مۇمكىن ئەمەس. دىمەك ئۇلارنى ئىمان ۋە دىن بۇ ئىشتىن ساقلاپ قالغان.

ئىككىنچى نۇقتا ساھابىلەرنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى بارلىق پىقھى ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى ئورتاق قوشۇلغان مەشھۇرئۇمەر شەرتلىرى، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن ! ماددىلىرىدا ئەھلى كىتاپنىڭ ئىسلام دىيارىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەيت بايراملىرىنى ئۆتكۈزىشى چەكلەنەنلىگى كۆرستىلگەن.ئەگەرئەھلى زىممە(ئىسلام دۆلىتىدىكى كاپىرپۇقرالار)نىڭ ھەيت-باريراملىرىنى ئۆتكۈزۈشنى چەكلەشكە مۇسۇلمانلاربىرلىككە كەلگەن(ئىجما)بولسا ئەمدى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى قىلىشى قانداق گەپ؟كاپىرلىق نامايەندىسى بولغانلىقى ئۈچۈن كاپىرنىڭ ئۆزىگىمۇئىسلام دۆلىتىدە بۇنداق بايراملارنى ئۆتكۈزۈش چەكلەنگەن يەردە مۇسۇلماننىڭ- بولۇپمۇئۆز دىنىنى ھىمايەقىلىدىغان ئۆز دۆلىتى يوق بىرمۇسۇلماننىڭ- بۇنداق بايراملارغا قاتنىششى بەلكى بۇ"نورۇز" مىنىڭ دەپ داۋاقىلىشى نىمىنى كۆرستىدۇ؟

تاردائىرىدىكى مىللەتچىلىك ۋە تاردائىرىدىكى ۋەتەنچىلىكنىڭ سىپىق سەپسەتىلىرى بىزنى شۇيەرگە ئەكىلىپ قويغانكى ھەتتا دىنىمىزئاخىرەتلىكىمىزبەلكى دۇنيالىق بەختىمىزدىنىمۇ كېچىشكە رازىكى بۇنداق جاھىلىيەت بايراملىرىدىن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جاھىلىيەت قالدۇقلىرىدىن كېچەلمەيمىز، بىزمۇسۇلمانلارخۇسۇسەن ئۇيغۇرمۇسۇلمانلىرى قەدىمقى جاھىلىيەت قالدۇقلىرى بولغان تاغ ئۆڭكۈرلىردىكى مىڭ ئۆي بۇتلىرى، خارابىلىقلار ۋە چىرىپ كەتكەن قەبرىلەردىن چىققان جەسەتلەر،"نورۇز"بايرىمى ۋە ئۇندىن باشقا نۇرغۇن جاھىلىيەت قالدۇقلىرىنى ئاتالمىش "مەدىنى يادىكارلىقلىرىمىز" ياكى "مىللى ئەنئەنىلىرىمىز"دەپ پەخىرلىنىپ كىتىمىز، ئاللاھ بىزنى بۇنەرسىلەردىن پەخىرلىنىشنى بۇيرىمىدى بەلكى بۇنەرسىلەرنى كۆرگەندە ئىبرەت ئېلىپ جاھىلىيەت قالدۇقلىرىنى تاشلاشنى بۇيرىدى. ئۇلۇغ ئاللاھ سۇرە ئەنئام11-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ«(ئى مۇھەممەد!بۇمەسخىرە قىلغۇچىلارغا)ئېيتقىنكى "يەرشارىدا سەيرقىلىڭلار،ئاندىن پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكارقىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈڭلار"».

دىمەك بۇنەرسىلەرمۇسۇلمان پەخىرلىنىدىغان نەرسە ئەمەس، "مەدىنى" مۇئەمەس، " يادىكارلىق"مۇ ئەمەس، ئەگەرئۇيغۇرئۆزىنى مۇسۇلمان ھېساپلىسا"مىللى ئەنئەنە"مۇئەمەس. بەلكى ئاللاھ نىڭ تەقدىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن ئىش قىلماي ۋە ئۇنىڭدىكى "تارىخنىڭ قايتىلىنىشى"دىن ئىبارەت ئۆزگەرمەس ھەقىقەتنى بىلمەي ياكى كۆزگە ئىلماي ،تارىخنىڭ ئەخلەتگە ئايلانغانلارنىڭ ئىراگىدىلىك كورۇنىشى شۇنداقلا بىزنى ئۇلارچۇشكەن ھالاكەت ئازگىلىغا قايتا چۈشۈپ كەتمەسلىگىمىز ئۈچۈن ئاللاھ بىزگە قالدۇرغان ئاچچىق ساۋاق، "نورۇز" ئەنە شۇ جاھىلىيەتنىڭ قالدۇقى شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بۇنى شۇنۇقتىدىن ئۆگىنىشكە بۇيرۇيدۇ، مانا بۇئاللاھ ئېلىشقا بۇيرىغان ئىبرەتنىڭ بىر نۇقتىسى.

تېخىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى بىز بۇ ئاتالمىش "مەدىنى يادىكارلىق"لارنىڭ ئاساسلىق قىممىتىنى ئۆزىمىزياشاۋاتقان ۋەتەننىڭ ئەسلى ئىگىسى بىزئىكەنلىكىمىزگە ھۆججەت بولىشى قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولىمىز،خۇددى بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ يۇرتنىڭ ئەسلى ئىگىسى ئىگەنلىگىنى قايتا-قايتا ئىسپاتلاپ چىقساق باشقىلار خىجىل بولۇپ بىرۋەتىدىغاندەك، بەلكى بىرەر ۋەتەننىڭ ئەسلى ئىگىسنى ئىسپاتلاش ۋاستىسى ئاشۇ شۇدەك . بىزمۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن كىسىپ ئەيتالايمىز كى بۇنەرسىلەربىرەر مىللەتنىڭ بىرەر زىمىننىڭ ئەسلى ئىگىسى ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاپ بىرەممەيدۇ ۋە بۇنداق ئويلاش ئۆزىنى -ئۆزى ئالداشتىن ئىبارەت خالاس.

ئۇلۇغ ئاللاھ سۇرە ئەنبىيا 105-ئايەتتە زىمىنغا ئىگەبولۇش ھوقۇقىنى كىمگە بىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ« بىزلەۋھۇلمەھپۇزدا(ئەزەلدە)يازغاندىن كېيىن، (داۋۇتقا چۈشۈرگەن)زەبۇردا زېمىنغا ھەقىقەتەن مىنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق». بۇئايەتتىكى زېمىننى بەزى تەپسىرشۇناسلارجەننەت زېمىنى دىگەن بولسىمۇ ئايەتتە مۇتلەق كەلگەن، شۇنداقلا يەنە باشقا ئايەتلەردە ئاللاھ بىرەرزېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى بىرىشنىڭ شەرتى زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىق ۋە ئادالەت ئىكەنلىگىنى، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتۋېلىشنىڭ سەۋەبى بۇزغۇنچىلىق ۋە زوراۋانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن، ئۇلۇغ ئاللاھ سۇرە ئەئراف 128-ئايەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالام تىلىدىن بايان بىرىپ مۇنداق دەيدۇ«مۇسا ئۆزقەۋمىگە: <ئاللاھ تىن مەدەت تىلەڭلار،سەۋرقىلىڭلار، يەريۈزى ھەقىقەتەن ئاللاھ نىڭ مۈلكىدۇر، (ئاللاھ)ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ> دېدى» ئاللاھ يەنە سۇرە بەقەرە 251-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ«ئاللاھ ئىنسالارنىڭ بەزىسنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا( يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا)ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى، لېكىن ئاللاھ (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگەقىلماسلىق بىلەن)بۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر» ئاللاھ سۇرە ئىبراھىم 13-

ۋە14-ئايەتتە يەنە مۇنداق دەيدۇ«كاپىرلارپەيغەمبەرلىرىگە: <سىلەرنى زېمىنىمىزدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز،ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلاركېرەك> دېدى. ئۇلارغا پەرۋەردىگارى(مۇنداق)ۋەھيى قىلدى: <زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز|13|ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، زېمىندا چوقۇم سىلەرنى تۇرغۇزىمىز، بۇ يەنى(غەلبە)مېنىڭ ئالدىمداتۇرۇشتىن(يەنى سوراقتاتارتىلىشتىن)ۋەئازابىمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر».

ئەگەربىرزېمىننىڭ ئەسلى ئىگىسى بولۇش ئۈزېمىنغا ئەڭ ئالدىدا كېلىپ ئورۇنلاشقانلارغا مەنسۇپ بولۇش توغرامەنتىقە بولىدىغان بولسا ئىبلىس باشچىلىقىدىكى جىن شەيتانلار:< بۇزېمىن (يەرشارى) ئەسلى بىزنىڭ ،سىلەر ئادەملەربىزدىن كېيىن كېلىپ بېسىۋالغان> دەپ داۋاقىلىشى ئېنىق . بىزمۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بونداق شەيتان مەنتىقىسىگە ئالدانماسلىقىمىز كېرەك. بەلكى يەرشارى ئاللاھ نىڭ ئۈنىڭدا ئاللاھ نىڭ سالىھ (ئىسلاھ قىلغۇچى)بەندىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا لايىق،ئۈنىڭدا ئەنە شۇلارلا ئادالەت بەرپا قىلالايدۇ دەپ تونىشىمىز لازىم.

## خاتىمە :

*"نورۇز بايرىمى" قاتنىشىش دۇرۇس دىگۈچىلەرنىڭ شۇبھىلىرىگە رەددىيە.*

بۇنداق ئىسلام شەرىئەت قانونىدا يولغا قويۇلمىغان بايراملارنى ئۆتكۈزۈش، ياكى ئۇنىڭغا قاتنىشىش دۇرۇس دېگۈچىلەرئادەتتە توۋەندىكى ئۈچ خىل كىشىلەر بولىشى مۇمكىن :

1-ساۋاتسىز مۇسۇلمانلارئاممىسىغا مەنسۇپ كىشى، بۇنداق كىشىلەر دىھقان ۋە تىجارەتچىلەر ئىچىدە كۆپرەك بولىشى مۇمكىن، بولارنىڭ خەت ساۋادى بولسىمۇ دىنى جەھەتتىن ئاڭلىغان ۋە ئەتراپىدا كۆرگىنىگە ئاساسەن چۈشەنچ ۋە تونۇش تۇرغۇزغان  بولۇپ ئاساسى جەھەتتىن ئىسلامنىڭ جەمىيىتىمىزدە قېلىپلىشىپ قالغان ناماز، روزا، زاكات ۋە بىرقىسىم ئەدەپ-ئەخلاققا دائىرتەلىملىرىگىلا كۆڭۈل بىلىشتىن ئىبارەت ئادىتى بويىچە ئانچە-مۇنچە سەۋىيە ھازىرلىغان بولسىمۇ ئىسلامدىكى ئاساسلىق مەركەزبولغان ئەقىدە-ئىمان مەسىللىرىدىن ھىچ نىمىدىن خەۋەرسىزبولغاچقا بۇنداق "ھەيت-بايرام"لارنىڭ دۇرۇس ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكىگىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ ۋە ھاۋايى-ھەۋىسى بىلەن ئويناپ كىتىۋىرىدۇ. لېكىن خاتالىغى چۈشەندۇرۇلسە باشقىلارغا قارىغاندا تىز قۇبۇل قىلىدۇ. چۈنكى بۇلاردىكى جاھىللىق ئاددى جاھىللىقتۇر.

2-قانچىلىك بولىشىدىن قەتئى نەزەرئائىلىسىدىكى دىنى مۇھىتنى ھىساپقائالمىغاندا كىچىگىدىن تارتىپ "پەننى مەكتەپ" دەپ ئاتالغان دىندىن جاھىللاشتۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان زىيالىلارغا مەنسۇپ كىشى.

بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكى دىنى مۇھىت تەسىرى ۋەياكى باشقاسەۋەپلەربىلەن ھىدايەت تاپقانلىرىدىن باشقىسى خۇددى نورۇز ۋە باشقا جاھىلىيەت قالدۇقلىرىنى مىللى ئەنئەنە دەپ چۈشەنگەندەك ئىسلام دىنىنىمۇ بىرخىل مىللى ئەنئەنە دەپ تونۇيدۇ ۋە شۇئاساستا ئۆزلىرىنى ئۇنىڭغامەنسۇپ قىلىپ <بىزمۇسۇلمان> دەيدۇ. بۇنداق كىشىلاردىكى جاھىللىق مۇرەككەپ جاھىللىق يەنى بىرنەرسىنى بىلمەسلىكلا ئەمەس بەلكى ئەكسىچە خاتا چۈشىنىۋېلىش جاھىللىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارئىسلام دىنىنى باشقا باتىل دىنلارغا ئوخشاش بىردىن، ئۇنىڭدىمۇ خۇراپاتلىق ئارلاشقان بولىشى مۇمكىن دىگەن گۇماندا بولىدۇ، گەرچە بۇنى ئېغىزلىرىدىن چىقىرىشقا ئالدىرىمىسىمۇ گەپ-سۆزلىرىنىڭ ئورامى ۋە ئەھۋال تىلى نامايان قىلىپ قويىدۇ، بۇنداق كىشىلەرگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ خېلى دىنى ساۋادى بارلىرىمۇ بۇخىل جاھىللىق تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغاچقا ئىسلام دىنىنىمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇشقا مۇھتاج دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئاتالمىش "مودېرنىزىم" بويىچە "مودېرنە ئىسلام" ياكى "دېموكراتچە ئىسلام" ،ياكى "ئىسلام

سوتسىيالىزىمى"، "ئىسلام دېموكراتىسى" دىگەندەك گەپلەرنى قىلىشىپ يۈرتتۈرۈۋەتكەن نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك ھىس قىلىشىدۇ.

3-ئۆزى ئىسلام دىنىنى ھەقىقى دىن سۈپىتىدە تونۇيدىغان، تەقۋادار، ھەتتا دىنى مەدىرسلەرنى پۈتتۈرۈپ ئۇنۋان ئالغان ئەمما ئىمان ۋە ئەقىدە مەسىلىسىدە زامانىۋى مۇرجىئەلىك يولىغا مەنسۇپ كىشى . بۇنداق كىشى ئۆزىنىڭ ئىمان ھەققىدىكى <ھەرقانچە يامان گۇناھ ئىشلاربولسىمۇ ئۇنى قىلىش كىشىنىڭ ئىمانىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، ئىمان ئەمەلدىن ئايرىم بىرپۈتۈن نەرسە، ئۇ كېمىيىش، ئازىيىشتىن خالى> دەيدىغان  بىدئەت چۈشەنچىسى بويىچە زۇرۇر تېپىلغاندا بۇنداق "نورۇز" غا ئوخشاش بايراملارنى ئۆتكەزسە بولىدۇ، شۇنداقلا بىرەر كىشى ئۇنىڭغا توغرا نىيەتتە قاتناشسا ھېچ نىمە بولمايدۇ، نىيەت رۇس بولسا بولدى، قاتناشقان مۇسۇلمان ئۇنىڭدىكى شېرىكنى مەخسەت قىلمايدۇ دىگەندەك دىل بىلەن ئەمىلىيەت ئوخشاش بولمىسىمۇ بولىدۇ دەيدىغان مۇناپىقلىق پەتۋاسىنى بىرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە ئېلىپ كەلگەن ئاپىتى ئالدىنقىلاردىنمۇ ئېغىر شۇڭا بىز رەددىيە بەرگەندە تىغ ئۇچىنى ئەنە شۇلارغا قارىتىمىز.

بىرىنچى شۈبھە: "نورۇز" قاتارلىق مۇراسىم يىغىلىشلار"ئايد" (ھەيت) قاتارىغا كىرمەيدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا ھەيت نامىزى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھ بەلگىلىگەن ئىبادەت شۇئارلىرى يوق.

رەددىيە : سىلەر دەۋاتقان ئاشۇ مۇراسىم- يىغىلىشلار دەل "ئايد" (ھەيت)سۆزىنىڭ مەزمۇنىدۇر، نەرسىلەر نامىغا ئەمەس مەزمۇنىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن" نورۇز" ۋە ئۇنىدىن باشقا ھەرقانداق يىغىلىش ۋە خۇشاللىق مۇراسىملىرى ھەيت بولىدۇ ، ۋە ھەيت ئىبادەتتۇر، ئىبادەت ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى تاللاپ بەرگەن ۋە كۆرسەتكەن بۇيىچە بولىشى لازىم.

ئىككىنچى شۈبھە : < ھەرقانچە يامان گۇناھ ئىشلاربولسىمۇ ئۇنى قىلىش كىشىنىڭ ئىمانىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، ئىمان ئەمەلدىن ئايرىم بىرپۈتۈن نەرسە، ئۇ كېمىيىش، ئازىيىشتىن خالى> شۇڭا "نورۇز" قاتارلىق بايراملارنى ئۆتكۈزۈشكە ۋە قاتنىششقا بولىدۇ.

رەددىيە : سىلەر < ھەرقانچە يامان گۇناھ ئىشلاربولسىمۇ ئۇنى قىلىش كىشىنىڭ ئىمانىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، ئىمان ئەمەلدىن ئايرىم بىرپۈتۈن نەرسە، ئۇ كېمىيىش، ئازىيىشتىن خالى> دىگەن بىدئەت قارىشىڭلارغا" نورۇز" قاتارلىق بايراملارنى باغلاش ئارقىلىق "نورۇز" قاتارلىق بايراملارنىڭ "يامان- گۇناھ" ئىش ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدىڭلار، گۇمانىڭلار دىكىدەك ئىمانغا تەسىر يەتمىسلاگۇناھ ئىشنى قىلىۋەرسە بولىدۇ دېيىش قايسى دىندا بار ؟ ..! «ئەگەرمۆمىن بولساڭلار، ئىمانىڭلارسىلەرنى ئەجەپ يامان ئىشقا بويرۇيدىكىنا؟» سۈرە بەقەر 93-ئايەتنىڭ بىرقىسمى.  بەلكى ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئىمان كۆپىيىدۇ ۋە كۆچىيىدۇ، يامان ئەمەللەر بىلەن ئىمان ئازلايدۇ ۋە ئاجىزلايدۇ. ئەمما ئەمەلنىڭ ئىمان دائىرىسىدە تۇتقان ئورنىغا ئاساسەن ئىمانغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەخىل دەرىجىدە بولىدۇ. ئەگەر شىرىك ماھىيىتى بار ئەمەل بولسا ئۇنى قىلسا ئىماننىڭ ئەركانىغا تەسىر يىتىدۇ، ئەگەر جوڭ گۇناھقا ياتىدىغان ئەمەل بولسا ئۇنى قىلسا ئىمان ئۆزئەسلىنى ساقلاپ قالسىمۇئېغىردەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرايدۇ ۋە كەملەپ ئاجىزلايدۇ. ئەگەر كىچىك گۇناھ بولىدىغان ئەمەل بولسا ئۇنى قىلسا ئىمانغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ ۋە بىرئاز ئاجىزلايدۇ.

ئۈچىنچى شۈبھە : بۇنداق مۇراسىم ۋە يىغىلىشلار خەلق كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ياكى بىرەر پەيغەمبەرنىڭ ياكى سالىھ (ياخشى )كىشىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەش ئۈچۈن ياكى بىرەر مەكتەپ ـ مەدىرسە قاتارلىق خەيرلىك

ئىشلار باشلانغانلىغى ئۈچۈن خەلق ئاممىسى ئۆتكۈزىدىغان ئادەتتىكى ئۆرپ-ئادەتلەر، ئىسلام دىنى ئۆرپ-ئادەتلەرگە ھۆرمەت قىلىدۇ.

رەددىيە : ئىسلام دىنىنىڭ ئۆرپ- ئادەتلەرنى ھۆرمەتلىشى شۇ ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ خاراكتېرىگە باغلىق، ئەگەر ئۇ ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ شېرىك شۇئارلىرىنى مەزمۇن قىلغان تەرەپلىرى بولسا ،ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ھەرگىزمۇ شېرىكنى ھۆرمەتلىمەيدۇ. ئەگەر شېرىك مەزمۇنى بولمىغاندىمۇ ئىسلامدا ئېنىق يولغا قويۇلمىغان ئىكەن ئۇ چوقۇم بىدئەتتۇر. ئاللاھ ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

ئاخىرىدا ئاللاھقا چەكسىز گۈزەل مىننەتدارلىقلار بولسۇن! پەيغەمبىرىمىزگە ، ئائىلە - جەمەتىگە ، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان بارلىق مۇسۇلمانلارغا دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن!